# 36990 - باشقىلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن ھەج قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

بىر ئايال ئەرەبىستانغا كەلدى، ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئارقىلىق ھېچ بىر چىقىم قىلماستىن پەرىز ھەجنى ئادا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئۇ ئايالنىڭ قىلغان مۇشۇ ھەججى ئىسلامدا پەرىز قىلىنغان ھەجدىن كۇپايە قىلامدۇ؟ چۈنكى بۇ ئايال بۇ قېتىم ئۆز يېنىدىن بىر رىيالمۇ پۇل سەرىپ قىلماي ھەج قىلغان؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئۇ ئايال پەرىز ھەجنى ئادا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن مال سەرىپ قىلمىغان بولسا ياكى ئاز مىقداردا سەرىپ قىلغان بولسا، ھەج خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقىلار سەرىپ قىلغان بولسا، ھەجنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى ۋە ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا، گەرچە ھەجنىڭ چىقىملىرىنى باشقىلار قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ پەرىز ھەجنى ئادا قىلغان بولىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەجنىڭ سەھىھ بولىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.